# بىزگە قانداق
# ياشلار كېرەك؟

ئابدۇللاھ ئارمان

ئىلمىيار ياشلار گۇرۇپپىسى

# بىزگە قانداق ياشلار كېرەك؟

ئابدۇللاھ ئارمان

**«ئەگەر مەن بىر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر-قىممەتسىز ئىش-ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولىدۇ.»**

*-ئابدۇقادىر داموللام*

ياشلىق دەۋرى ئىنساننىڭ  بالىلىق چاغلىرى بىلەن خوشلىشىپ مۇستەقىل ياشاش، ھايات نىشانى تىكلەش ۋە كەلگۈسىگە ئاساس سالىدىغان ئەڭ مۇھىم مەزگىلىدۇر. بۇ مەزگىلدە ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن – فىزىكىلىق تەرەققىيات باسقۇچىدا بولىدۇ. ئىجتىمائى جەھەتتىن  – جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ۋە جەمئىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇش باسقۇچىدا بولىدۇ. روھىي جەھەتتىن  – جەمئىيەت، مەكتەپ، سىياسەت ۋە ئىقتىساد قاتارلىقلارنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرى، قايمۇقتۇرۇشلىرى ۋە خىرىسلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشقا دۇچ كېلىدۇ. ئېتىقادىمىزنىڭ مەنبەسى  بولغان قۇرئان-ھەدىسلەردە پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ياشلىق چاغلىرىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىنى بايان قىلىپ، ياشلارنىڭ ھاياتىغا نەمۇنە ۋە يول خەرىتىسى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا دىنىنىڭ كۈچىيىشىدە  ياشلارنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، خەلقىمىزنىڭ ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىدە ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئەينى زاماندا ئۆزىنى يېتىشتۈرۈپ خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئابدۇلئەزىز مەخسۇملارغا ئوخشاش ياش يازغۇچى، شائىر-ئەدىبلەرنىڭ ھايات ئىزلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

« ياشلار مىللەتنىڭ كەلگۈسى !!! » شوئارغا ئايلانغان بۇ مەشھۇر سۆز ئەمەلىيەتتە ياشلارنىڭ نوقۇل كەلگۈسى ئۈچۈنلا مۇھىم ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان سۆز بولماستىن، بەلكى

ئۇلارنىڭ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ دىنىي، ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادىي، ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي ساھەلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر.

بۇندىن ئىلگىرى «بىزگە قانداق ئاتىلار كېرەك؟»، «بىزگە قانداق ئانىلاركېرەك؟»، «بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك؟» دىگەندەك كىتاب-ماقالىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۈچ مەنبەسى بولغان ياشلار ھەققىدە «بىزگە قانداق ياشلار كېرەك؟» دېگەن تېمىدا ناھايىتى ئاز قەلەم تەۋرىتىلدى. مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق مۇكەممەل بىر كىتاب يېزىلىشى كېرەك بولغان بۇ تېمىدا ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمەن. ماقالىدە «ياشلار» نىڭ ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بىر قىسىم سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىمەن.

## 1- ياشلار تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

ئىنسانىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا قىزىقىش ۋە تەقلىدچىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىبادەت ياكى ئىجتىمائىي ئىش- پائالىيەتلىرى ياشلىق مەزگىلىدە تەرەققى قىلىپ ئىلمىيلىك، ئەمەلىيەتچانلىق ۋە نەتىجە يارىتىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئەپسۇسكى بىرقىسىم ياشلار بالىلىقىدىكى ھېس-تۇيغۇ ۋە ساددىلىقىنى ياشلىق مەزگىلىدىمۇ داۋام قىلدۇرىدۇ. مۇسۇلمان ياشلار مەيلى ئىبادەت، تىرىكچىلىك، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەت ۋە كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ئىشلاردىمۇ ئەقلىنى ئەمەس ھېسسىياتىنى قوللىنىپ ئۆزى ۋە باشقا مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان ھەربىر ياش قىلغان ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ئىش- پائالىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەتنى پەخىرلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلەشنى بىلىشى كېرەك. مەسىلىلەرگە بىر تەرەپلىمە ياكى زىيادە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتماسلىقى، ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئىش-پائالىيەت ۋە قىلغان گەپ-سۆزىنىڭ جەمئىيەتكە قانداق تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلىنىشى ۋە ئويلىنىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك.

ياشلىق مەزگىلى تېز ھاياجانلىنىدىغان، ھەرنەرسىگە قىزىقىش بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئۆتكۈنچى مەزگىل بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىقتىن پەرقلىق بولىدۇ. ياشلارنىڭ

جەمئىيەتكە بولغان كۆز-قارىشى مىللىي ۋە دىنىي قىممەت-قاراشلىرىنى مەنبە قىلىشى، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەل قىلىش چارىسى كۆپ سانلىقنى قايىل قىلىش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى باشلامچىلىق ئورنىغا يول ھازىرلىيالىشى لازىم، مەسىلىلەرگە ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش ياكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش نەزىرىدە بېقىش نادانلىقتۇر خالاس.

**2- ياشلار ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.**

ياشلىق مەزگىلى ئىنساننىڭ بىلىم ئېلىش ۋە ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىنىشكە ئەڭ ئۇيغۇن ۋاقتىدۇر. بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك: «ياش ۋاقتىڭدا ئۆگەنگەن ئىلىم تاشقا خەت ئويغانغا ئوخشايدۇ، قېرىغىنىڭدا ئۆگەنگەن ئىلىم سۇغا خەت يازغانغا ئوخشايدۇ».

ياشلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چوڭلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە تەييار بولغان بولىدۇ، شۇڭلاشقا ياشلار ھەر قانداق نەرسىنى تېز ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئۇزۇن ئەستە ساقلىيالايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە مەبلەغ سالغان بولىدۇ.

ئىنسان ئەقلى دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ئوخشايدۇ، سىز ئۇنى قانچە كۆپ ئىشلەتكەنسىرى شۇنچە ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئەگەر بىر ياش چەتئەل تىلىدىن بىرنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئىشلىشى باشقىلارغا قارىغاندا بىر دەرىجە يۇقىرى بولىدۇ، بۇ تىل ئۇنىڭ ئىلمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن يەنە ئەقلىنىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

**3- نەزەر-دائىرىسى كەڭرى بولۇشى كېرەك.**

ياشلىق مەزگىلى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا تەنقىد ۋە نارازىلىق كەيپىيات كۆچىيىپ بارىدىغان، ھەرقايسى قاتلام ۋە ساھەدىكى كىشلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك پىكىر، كۆز-قاراش، ئىدىيەلىرى نىرۋىسىنى غىدىقلايدىغان بىر مەزگىل، ئەمما ياشلار ياقتۇرمىغان ھەرنەرسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ياكى ئۆزىگە ياقمىغان ھەرنەرسىدىن يىرگىنىش پوزىتسىيەسىدە بولماسلىقى، جەمئىيەتنى كۆپرەك چۈشىنىكە ئەھمىيەت بېرىشى، خاتا پىكىر-ئىدىيەلەرنى ئۆلچەپ بېقىشنى بىلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە ئادالەتلىك بولۇش ئۈچۈن بىلىم كېتىدۇ، ئەمما بىلىمسىزلىك ئادالەتلىك بولۇشقا ئۆزۈر بولالمايدۇ. ئادالەت - ئۆز نەپسىدىن كېچىش، سەممىيەت ۋە ئىنساپنى شەرت قىلغان بىر مەنىۋىي قابىلىيەت بولۇپ، بۈگۈنكىدەك ھەركىم ئۆز مۇقامىغا تىۋۋلاۋاتقان پىكىر قايىنىمىدا تۇنجۇقۇۋاتقان كۈنلەردە، ياشلار مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا ئادىل پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىش ۋە گۇناھلا بولمىسا توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىشى، بۇ ئارقىلىق مىللىي بىرلىكنىڭ كۈچىيىشى، دىنىي باراۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ھەمكارلىق ۋە بىرلىكنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇنى ئەقلى بىلەن كۆرەلەيدىغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ مەقسەت-ماھىيىتىگە يېتەلەيدىغان قابىل ياشلار توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ.

## 4- ياشلار ئىنساپلىق بولۇشى كېرەك.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇيرۇقلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاساسى. ياشلار ھاياجان ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن دىننى ياخشى چۈشەنمەسلىكتىن دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن ياكى دىنىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە قارىتا، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش، تۆۋەن كۆرۈش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىندىن ۋە جەمئىيەتتىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى لازىم، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن شۇ ھىدايىتىدىن ئۇلارنىڭمۇ بەھرىلىنىشىگە ۋەسىلە بولۇشى كېرەك. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇددىست دادىسىنى تۆۋەن كۆرمىدى بەلكى ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىك تاغىسىنى ۋاپات بولغانغا قەدەر بىرەر قېتىم ھاقارەت قىلىپ باقمىدى، مانا بۇلار ئىنساپقا ئەڭ چوڭ ئۈلگە بولالايدۇ.

## 5- ياشلار ھايالىق بولۇشى كېرەك.

ھايا ۋە ئىپپەتتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا قۇرئان كەرىمدە، ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى ۋە ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئۆرنەك

شەخسىيەتلىرىنى ئۆچۈرىتىمىز. بۇ ھايا، مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتى، باشقىلارغا بولغان كىچىك پېئىللىقى ۋە ئۆزىنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى نامايەن قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان مەنىۋى ئىبادەتلەرنىڭ بىرى. مۇسۇلمان ياشلار پەقەت ئەتراپىدىكى كىشلەردىنلا ئەمەس تارىختىن ۋە كېلەچەكتىكى نەسىللەردىن، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى ۋە بۇ تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

## 6- ياشلار ياردەمسۆيەر ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ھەممە كىشى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە بۈيۈك نەتىجىلەرنى يارىتىشقا قادىر بولمىغىنىدەك، چوقۇم يېڭىلىق يارىتىشى ياكى جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇر ياشلىرى ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن ئۆزىدىن كىچىكلەرگە ئۈلگە بولۇشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلىشى كېرەك. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىكى ۋاقتىدا تۈرمىداشلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، قولىدىن كېلىشچە ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتە ياردەمدە بولۇشى، ئاللاھنىڭ ئۇ كىشىنى «مۇھسىن» دەپ ئاتىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياش ۋاقتىدا ئەينى چاغدىكى ئەرەپ جەمئىيىتىدە يامراپ كەتكەن زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقنى تۈزەش مەقسىتىدە قۇرۇلغان خەيرىيەت ئۇيۇشمىسىدا ئاكتىپ رول ئوينىشى، ياشلارنىڭ ئىسلاھاتچى بولۇش خەرىتىسىنى سىزغان.

## 7- ياشلاردا يۈكسەك غايە ۋە ھىممەت بولۇشى كېرەك.

ياشلار ئۆزىدە پىداكارلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، نىيىتىنى ئاللاھ زىرالىقىغا چەمبەرچەس باغلىغان ھالەتتە، ھەر كۈن ۋە ھەر دەقىقىسىنى ۋەتەن-مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان پىداكار روھ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

تارىخىمىزدا بىزگە نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتكەن شەخسلىرىمىزگە نەزەر سالساق، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ 23 ياش، بىلال ئەزىزىنىڭ 24 ياش، سىيىت نوچىنىڭ 26 ياش، ئابدۇخالىق

ئۇيغۇرنىڭ 33ياش، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ 36 ياش، زەيدىن يۈسۈپنىڭ 26 ياش، ئىپپەت قەھرىمانلىرى نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈللەرنىڭ 19 ۋە 20 ياشلاردا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. كۆنىمىزدە ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ 12 يېشىدىلا نۇرغۇن ئىلمي نەتىجىلەرنى يارىتالىغانلىقى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئۆز غايىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى، تېخمۇ جانلىق ئوبرازنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، ياشلارغا بىر يۆنىلىش بەلگىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## 8- ياشلار جاسارەتلىك ۋە چىدامچان بولۇشى كېرەك.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالساق، جاسارەت نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن كىشلەر «خۇدا» دەپ بىلىدىغان بۇتلارنى قورقماستىن ئۇرۇپ چېقىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قىلچە قورقماي پىرئەۋنگە قارشى چىقىشى، «غار ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان ئىسلام ياشلىرىنىڭ دىنى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ياشلار بولۇشى ۋە چىدىغۇچسىز قىيىن-قىستاق ۋە ئېغىر سىناقلاردىكى چىدامچانلىقلىرىنى كۆرەلەيمىز.
بىزنىڭ ۋەتەنسىزلىكىمىز، ئاتا-ئانىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز بىزنى روھسىزلاندۇرماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۆزىمىزدە جاپا-مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەيدىغان كۈچلۈك پسخىكا يېتىلدۈرۈشىمىز ۋە قۇرئان-ھەدىستىن روھىي كۈچ ئېلىشىمىز كېرەك.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە : «ئەگەر ئاللاھ بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە ئۇنى ئىمتاھان قىلىدۇ» دەيدۇ.

## 9- ياشلاردا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

ياشلار ئىمكانىيتى يار بەرگەن ئىشلاردا خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھىنى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈردۇر. جەمئىيەتتىكى ھەربىر خىزمەتنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىپ

بېرىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، دىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارالغان ئىشلارنى ئۆزلىكىدىن قىلىشنى بۇرچ ۋە شەرەپ دەپ بىلىدىغان خالىسانە روھنى يېتىلدۈرۈشى، قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىگە باشقىلاردىن ياكى جەمئىيەتتىن قانداقتۇر بىرەر بەدەل ياكى مۇكاپات تاما قىلماسلىقى كېرەك. ياشلار ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىدا، خەلقى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ھەربىر ياش ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە، قىلىۋاتقان ئىشىنى «بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم» دېگەن چۈشەنچىدە ئېلىپ بارالىغىنىدا، جەمئىيەت ئىجابىيلىققا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ، دىن ۋە مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ خىزمىتى بىرئاز يەڭگىللەيدۇ ۋە گۈزەل ئىستىقبالىمىز بىزگە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

ئەمدى ھورۇنلۇق، بىخۇتلۇق، ئەخمەقلىق ۋە تەمتىرەشلەرگە خاتىمە بېرىدىغان، ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى يوقىتىپ، دەۋرىنىڭ بىزدىن قىلىنىۋاتقان تەلەپلەرگە ئۆزىمىزنى ھازىرلايدىغان، يېڭى دەۋرنىڭ سىرتىدا قېلىۋەرمەسلىك ئۈچۈن بار كۈچىمىز بىلەن تىرىشىدىغان ۋاقىت كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە ئۈمىدى ھېساپلىنىدىغان ھەر بىر ياش ئوغۇل-قىزنىڭ مىللىتى، دىنى ۋە ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھاكىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

2020\08\14

ئىستانبۇل، تۈركىيە